فېۋرال 2025

ئومۇمىي 55- سان

# ئىستىقلال ئاۋازى

## يەنە بىر ئۇيغۇر پاجىئەسى تارىختا پۈتۈلدى


خىتاي ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خىتايلار بىلەن مەجبۇرىي توي قىلىشقا تەشكىللىمەكتە

21-بەت

خىتاي ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ تور بېكەتلىرىگە تور ھۇجۇمىنى كۈچەيتمەكتە

29-بەت

خىتاي «كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش» نامىدا ھەرىكەت باشلىدى

31-بەت




ISTIQLAL



## باش مۇھەررىر

ئابدۇلۋارىس
ئابدۇلخالىق

ئىنسانىيەت 21-ئەسىرگە كىرىش بىلەن تەڭ ئۇچۇر ۋە ئىنتېرنېت دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئاخبارات، مائارىپ، ئالاقە ساھەسىدە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. ھەرقانداق ئۇچۇر-مەلۇماتلار چاقماق تېزلىكىدە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە تارقاپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىگە، پىكىر-چۈشەنچىلىرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان بولدى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى 70 نەچچە يىللىق ئىشغالىيىتى داۋامىدا باستۇرۇش سىياسىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماستىن ئىجرا قىلىپلا قالماي، بارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كونترول قىلىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ يالغان تەشۋىقاتى ئۈچۈن ئىشلەتتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا ئاخبارات ۋە مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھوقۇقلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قالدۇرۇلۇپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ھالەتتە ياشىماقتا. خىتاي يېقىنقى يىللار مابەينىدە يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈش بىلەن بىرگە، غايەت زور خىراجەت ئاجرىتىپ، خەلقئارادىكى ئاخبارات، تەشۋىقات كۈچىنى كېڭەيتىشكە، بۇ ئارقىلىق ئۆز جىنايەتلىرىنى يوشۇرۇشقا، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنماقتا.

ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەرەبچە ۋە ئىنگلىزچە تۆت تىلدا تارقىتىلىۋاتقان «ئىستىقلال ئاۋازى» ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلىمىزدا شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتىگە ئالاقىدار مۇھىم، ئىشەنچلىك خەۋەرلەر، ئانالىزلار ۋە دوكلاتلار ئورۇن ئالغان بولۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پاش قىلىش ۋە ساختا تەشۋىقاتلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنى نىشان قىلىدۇ.

ISTIQLAL

**باش مۇھەررىر**

ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

**خەۋەر تەييارلىغۇچى**

ئابدۇخەبەر رەجەپ

**تەھرىر**

ي. قۇرۇم

**لايىھەلىگۈچى**

س. تارىم

**كارىكاتۇر**

رادۋا ئادىل

**نەشر قىلغۇچى ئورۇن**

شەرقىي تۈركىستان
ئاخبارات ۋە مېدىيا
جەمئىيىتى

**نەشر تۈرى**

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

**ئادرېس**

Kartaltepe Mah. Geçit Sok.
No: 6 Dükkan 2 Sefaköy
Küçükçekmece İSTANBUL

1 دوكلات: خىتاي ساياھەت كونترولى ئارقىلىق ئوبراز تىكلەشكە ئۇرۇنماقتا

5 ھەرقايسى دۆلەتلەردە غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى

9 تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى ھىندونېزىيەدە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى

11 خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا يالغان تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش پىلانىنى تەكىتلىدى


15 خىتاي شىركىتى DeepSeek غايەت زور شەخسىي ئۇچۇرلارنى توپلىغان

17 خىتاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قىسقا سىن مۇسابىقىسى تەشكىللىدى

19 دوكلات: ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر شۋېيتسارىيەدە خىتاينىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىماقتا










# مۇندەرىجە


21 خىتاي ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خىتايلار بىلەن مەجبۇرىي توي قىلىشقا تەشكىللىمەكتە

23 تايلاند سوت مەھكىمىسى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى

25 داڭلىق پۇتبولچى مەسئۇت ئۆزىلىنىڭ سۆزلىرى ئۇيغۇرلارنى قايتا ھاياجانلاندۇردى

27 ئۆزبېكىستان خەلقى خىتايغا نارازىلىقىنى بىلدۈردى

29 خىتاي ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ تور بېكەتلىرىگە تور ھۇجۇمىنى كۈچەيتمەكتە

31 خىتاي ئاتالمىش «كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش» نامىدا ھەرىكەت باشلىدى

35 ئىستانبۇلدا ئۇيغۇرلارنى قوللاش يۈرۈشى ئۆتكۈزۈلدى

37 «مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە باللار ئەمگىكى دوكلاتى»نى ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

39 تايلاند ھۆكۈمىتى ئىنسانىيلىقا يات ھالدا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەردى

43 كارىكاتۇر



# دوكلات: خىتاي ساياھەت كونترولى ئارقىلىق ئوبراز تىكلەشكە ئۇرۇنماقتا

ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى 3-فېۋرال يېڭى بىر دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ، دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي چەت ئەلگە چىقماقچى بولغان ياكى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلىسىنى يوقلىماقچى بولغان ئۇيغۇرلارغا قاتتىق چەكلىمە قويغان بولۇپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر جامائىتىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، شەرقىي تۈركىستاندا «ھەممە ئىش نورمال» دېگەن ئوبرازنى بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنغان.

مەركىزى نيۇيوركتا جايلاشقان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى خىتاينىڭ بۇ تەدبىرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.




ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ ختاي مەسلىسى تەتقىقاتچىسى يالقۇن ئۇلۇغيول: «گەرچە ئۇيغۇرلارغا پاسپورت ئېلىش ۋە ئائىلىسى بىلەن قىسقا مۇددەت جەم بولۇشقا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، براق بۇ ۋەزىيەت 2016-يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنى كەڭ كۆلەمدە مۇسادىرە قىلغانغا قەدەر قىسقا مۇددەت داۋام قىلدى. ختاي يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ چەت ئەلگە چىقىش ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلماقتا. ئۇلارنىڭ چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىنكى سۆز-ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق چەكلىمە قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە چەت ئەل بىلەن ئالاقىسى بولغانلىقى ئۈچۈن جازالىماقتا» دېگەن.

دوكلاتتا كۆرستىلىشىچە، ئۇيغۇرلار ختاينىڭ ئالاقىدار دائىرىلىرىنى سەپەر

مەقستى ياكى چەت ئەلدىكى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرى قاتارلىق تەپسىلىي مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلىشى كېرەك ئىكەن. چەت ئەلگە چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغۇچىلار سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشتىن ساقلىنىشى ۋە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا خىتايغا قايتىپ كېلىشى كېرەك بولۇپ، بۇ ۋاقىت ئادەتتە بىر نەچچە كۈندىن بىر نەچچە ئايغىچە بولىدىكەن.

ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ دوكلاتىدا دېيىلىشىچە، ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بەزى ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ ئۇلارغا ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە ھەر بىر ئائىلىدىن پەقەت بىر ئادەمنىڭلا چىقىشىغا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى، كېپىل تەلەپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە سەپەرگە چىققانلار ئىچىدىن چەكلىمىلەرگە رىئايە قىلمىغانلارنىڭ ئائىلىسى ياكى كېپىللىرىنىڭ قاتتىق جازالىنىشى مۇمكىنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكىنى ئاشكارىلىغان.

چەت ئەلگە چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغان ئۇيغۇرلار سەپەر جەريانىدا خىتايدىكى بېكىتىلگەن بىر ئەمەلدارغا ئىش-ھەرىكىتىدىن مۇنتىزىم دوكلات



بېرىشى، قايتقاندىن كېيىن ئالاقىدار خادىملار ئۇلارنىڭ پاسپورتىنى يىغىۋېلىشى كېرەك ئىكەن.

ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتىغا: «دادام قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەھەللە كومىتېتى، يەرلىك ساقچىخانا ۋە ئامانلىق ساقلاش ئىدارىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇلار ئۇنىڭدىن كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، نەلەرگە بارغانلىقى ۋە باشقىلار بىلەن نېمىلەرنى سۆزلەشكەنلىكىنى سورىدى» دېگەن.

دوكلاتتا يەنە نۆۋەتتە خىتاينىڭ چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنى شەرقىي تۈركىستاندا زىيارەت قىلىشقا تەشكىللەش ئارقىلىق، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك بىر كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلماقچى بولغانلىقى، چەت ئەلگە چىقماقچى بولغان ئۇيغۇرلارنى قاتتىق كونترول قىلىشتىن باشقا، يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئائىلىسى بىلەن جەم بولماقچى بولغان، چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قاتتىق شەرتلەرنى قويغانلىقى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ تەستىقىنى ئېلىش ئۈچۈن قاتتىق تەكشۈرۈش باسقۇچلىرىدىن ئۆتۈشى كېرەك بولۇپ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەندىن كېيىن، قايتا-قايتا سوراق قىلىنىدىكەن. بۇ سەۋەبلىك ئۇلار تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىدە تۇرالماي، پەقەت مېھمانخانىدا تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىكەن. بەزى ئەھۋاللاردا خىتاي ئەلچىخانىلىرى بەزى چەت ئەللىك ئۇيغۇرلارغا خىتاي تەشۋىقات بۆلۈمى تەشكىللىگەن ئاتالمىش «شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش ساياھىتى»گە قاتنىشىشنى ئېيتىدىكەن.

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى دوكلاتىدا يەنە، خىتاينىڭ 2017-يىلدىن باشلاپ بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى جازا لاگېرلىرىغا قامىغانلىقىنى، 2022-يىلى ب د ت ئىنسان ھەقلىرى ئالىي كومىسسارىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت بولۇشى مۇمكىن» دەپ كۆرسەتكەنلىكىنى تىلغا ئالغان.

# هەرقايىسى دۆلەتلەردە غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى خاتىرىلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى



هەرقايىسى دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار 1997-يىلى 5-فېۋرال يۈز بەرگەن غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى ۋە شېھىتلەرنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن خاتىرىلىدى.

جۈملىدىن 5-فېۋرال خىتاينىڭ ئىستانبۇلدىكى باش كونسۇلخانىسى ئالدىدا نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. مەزكۇر نامايىش ۋە ئاخبارات

ئېلان قىلىش يىغىنى خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن تەشكىللەنگەن بولۇپ، نامايىشچىلار خىتاينىڭ تارىختىكى ۋە نۆۋەتتىكى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىگە قارشى پلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ، تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلاشتى.

ئارقىدىن باياناتا ئېلان قىلىنىپ، 1997-يىلى يۈز بەرگەن غۇلجا قىرغىنچىلىقى ئەسلەپ ئۆتۈلدى ۋە يېقىنقى يىللاردا ئىجرا قىلىنۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى تىلغا ئېلىنىپ، خەلقئارانىڭ بۇ جىنايەتنى توسۇشى كېرەكلىكى تەكىتلەندى.

شۋېتسىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار شۋېتسىيە ئۇيغۇر مائارىپ ئۇيۇشمىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان تەنتەربىيە ۋە كۈلتۈر جەمئىيىتىنىڭ باشچىلىقىدا، 2-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 28 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ستوكھولمدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نامايىش قىلدى. نامايىشچىلار بۇ جەرياندا خىتايغا قارشى تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلاش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر ۋە شۋېت تىللىرىدا بايانات ئېلان قىلدى.

خىتاي ئەلچىخانا خادىملىرى نامايىشچىلارنىڭ خىتايغا قارشى توۋلىغان شوئارلىرىدىن، سادالىرىدىن قاتتىق بىئارام بولغان بولۇپ، ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇر نامايىشچىلارغا قارشى ئورۇنلاشتۇرۇپ كەلگەن ياڭراتقۇسى بىلەن يۇقىرى ئاۋازدا مۇزىكا قويۇپ بېرىپ، نامايىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇندى.





ئۇندىن باشقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئوخشىمىغان ئۇسۇلدا بۇ ئالاھىدە كۈننى خاتىرىلىگەن بولۇپ، 2-فېۋرال ياپونىيە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن غۇلجا قىرغىنچىلىقىنىڭ 28 يىللىقىنى خاتىرىلەش نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلگەن. توكيونىڭ ئەڭ ئاۋات رايونى بولغان شىنجۇكۇ رايونىدا ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇرلارنى قوللىغۇچى ياپونلارنىڭ قاتنىششى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ نامايىشنىڭ تەسىرى ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە قارىغاندا ئالاھىدە زور بولغان.



گوللاندىيەدىمۇ 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى خاتىرلەش نامايىشى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەن شۇ كۈندىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تىز پۈكمەس روھى ۋە خىتاينىڭ ۋەھشىيانە جىنايەتلىرى ئەسلەپ ئۆتۈلگەن.

قىرغىزىستاندىمۇ 5-فېۋرال غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى خاتىرلەش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، شېھىتلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىنغان.



# تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى ھىندونېزىيەدە پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشتى



خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەيئىتى 7-فېۋرال ھىندونېزىيەدە غەربىي جاۋا رايونلۇق پارلامېنت رەئىسى بىلەن كۆرۈشتى.

ھەيئەت خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرمۇھەممەد تۈركىستانىي ۋە باش كاتىپ ئابدۇرېشىد ئەمىنهاجىدىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ھەيئەت ئالدى بىلەن باندۇڭ مۇھەممەدىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى زىيارەت قىلغان. ئارقىدىن ھىندونېزىيە غەربىي جاۋا رايونلۇق پارلامېنت رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى بىلەن كۆرۈشكەن.

بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى ئېغىر ۋەزىيىتىنى، جۈملىدىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش قاتارلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى تونۇشتۇرغان.

ئاخىرىدا پارلامېنت ئەزالىرى بىلەن مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قانداق ئۇسۇللار بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسى بويىچە داۋام قىلىۋاتقان رايونلۇق پائالىيەتلەر ھەققىدە سۆھبەتلەشكەن.



# خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا يالغان تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش پىلانىنى تەكشىلىدى



شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات بۆلۈمى ئەمەلدارلىرى مەخسۇس يىغىن تەشكىللەپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى پەردازلاش، ئۆزىنى قاچۇرۇش ھەققىدىكى يالغان تەشۋىقاتلىرىنى كۆپ نۇقتىدىن، ھەر تەرەپلىمە داۋاملاشتۇرۇش پىلانىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

خىتاي تەشۋىقات ئورگىنى تەگرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» تەشۋىقات بۆلۈمى ئەمەلدارلىرى 7-فېۋرال مەخسۇس يىغىن ئاچقان بولۇپ، يىغىنغا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ سېكرېتارى ما شىڭرۈي، قورچاق رەئىس ئەركىن

تۈنىياز قاتناشقان. يىغىندا بۇ يىلمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان.

خەۋەر قىلىنىشىچە، يىغىنغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە



باشقا ئالاقىدار ئەمەلدار قاتناشقان. ئۇندىن باشقا شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى جايلىرىدا شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىنغان.

يىغىندا ما شىڭرۇي شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئىشارەت قىلىپ: «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاقلىقىنى، ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇشتەك تارىخىي پاكىتلارنى نامايان قىلىدىغان سۆز سىستېمىسى ۋە ئۈنۈملۈك ۋاستىلەرنى كۆپ نۇقتىدىن، ھەر تەرەپلىمە بەرپا قىلىش كېرەك» دەپ بىلجىرلىغان.

يىغىندا سۆز قىلغان قورچاق ئەمەلدار ئەركىن تۇنىياز: «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكىنى ياخشى ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق مەنىۋى ماكانى بەرپا قىلىش كېرەك» دەپ جار سالغان.

يىغىن ئاخىرىدا سۆز قىلغان ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رەئىسى ۋاڭ جيەنشىن: «شىنجاڭغا ئالاقىدار تاشقى تەشۋىقات ۋە ئاممىۋى پىكىر كۆرىشىدىكى تەشەببۇسكارلىق جېڭىنى ياخشى قىلىپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، تىرىشىپ شىنجاڭنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە، مەدەنىيەت خىزمىتىدە يېڭى



ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك» دېگەن ئىبارىلەرنى تەكىتلەش ئارقىلىق، چەت ئەلگە قارىتىلغان يالغان تەشۋىقات ھەرىكىتىنى كۈچەيتىدىغانلىقىغا ئىما قىلغان.

خىتاي ئىشغالىيەت تارىخىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن باستۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاتالمىش «جۇڭخۇا



مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەش»، «جۇڭخۇا مەدەنىيىتىدىن ئۇزۇقلاندۇرۇش» نامى ئاستىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزمەكتە. خىتاي مەدەنىيىتىنى مەجبۇرىي تېڭىش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، يوقىتىش پىلانلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئىجرا قىلماقتا.

خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، تارىخىنى بۇرمىلاش پىلانى بويىچە، 2024-يىلىنىڭ بېشىدا ئاتالمىش «~~شىنجاك~~ مۇزېيى»نىڭ كۆلىمىنى ئەسلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسىگە يېقىن كېڭەيتىپ سالغان. مەزكۇر كۆرگەزمىگە شەرقىي تۈركىستاننىڭ «ئەزەلدىن خىتاينىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى»دەك بۇرمىلانغان تارىخنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش مەقسەت قىلىنغان 1500 دىن ئارتۇق ئاتالمىش «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» قويۇلغان. ئۇندىن باشقا تۈرلۈك ساياھەت نۇقتىلىرى پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، چەت ئەللىك ساياھەتچىلەرنىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن قوللىنىلماقتا.




# خىتاي شىركىتى DeepSeek غايەت زور شەخسىي ئۇچۇرلارنى توپلىغان

كورىيە ئىستىخبارات ئورگىنىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، خىتاينىڭ سۈنئىي ئەقىل سۇپىسى DeepSeek ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى توپلىغان.

نىككېي ئاسىيا تورىنىڭ 10-فېۋرال خەۋەر قىلىشىچە، كورىيە دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى خىتاينىڭ سۈنئىي ئەقىل سۇپىسى DeepSeek نىڭ شەخسىي ئۇچۇرلارنى ھەددىدىن زىيادە توپلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان بولۇپ، DeepSeek سۆھبەت خاتىرىلىرىنى يۆتكىشى، كىرگۈزۈلگەن

ئۇچۇرلارنى توپلىشى بىخەتەرلىك خەۋپى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

كورىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى تارماقلىرى مەزكۇر سۈنئىي ئەقىل سۇپىسىنى ئىشلىتىشنى چەكلىگەن بولۇپ، ئاۋستىرالىيە ۋە تەيۋەنمۇ ئوخشاش تەدبىر قوللانغان. كورىيە دۆلەت بىخەتەرلىك ئىدارىسى يەنە DeepSeek نىڭ ئىشلىتىلگەن تىلغا قاراپ سەزگۈر مەسىلىلەرگە پەرقلىق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى، سىياسىي سوئاللارنى تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى ئەيىبلەشلەرنى ئىنكار قىلىپ، شەخسىي ئۇچۇرلارنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە بىخەتەرلىكىنىڭ مۇھىملىقىنى دەۋا قىلغان.

ئىتالىيە سانلىق مەلۇمات قوغداش ئىدارىسى 30-يانۋار DeepSeek سۈنئىي ئەقىل پاراڭلىشىش روبوتىنى تەكشۈرۈشكە باشلىغان ھەمدە ئۇنىڭ ئىتالىيەدىكى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى چەكلىگەنلىكىنى بىلدۈرگەندى.






# ختاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قىسقا سىن مۇسابىقىسى تەشكىللىدى

ختاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ يىلمۇ ئاتالمىش «تۈمەنلىگەن كىشى ~~شىنجاڭ~~ توغرىسىدا سۆزلەش» تېمىسىدا قىسقا سىن مۇسابىقىسى تەشكىللىدى.


ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»نىڭ 12-فېۋرالدىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 4-نۆۋەتلىك ئاتالمىش «تۈمەنلىگەن كىشى ~~شىنجاڭ~~ توغرىسىدا سۆزلەش» تېمىسىدىكى قىسقا سىن مۇسابىقىسىگە ئەسەر قوبۇل قىلىش باشلانغان بولۇپ، 30-ئاپرېلغىچە داۋاملىشىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.

ئالاقىدار ئۇقتۇرۇشتا قىسقا سىننىڭ ئۇسلۇبىغا، شەكلىگە چەكلىمە يوق ئىكەنلىكى، ئەمما ئاتالمىش «ئۇيغۇر

ئاپتونوم رايونى»نىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ساياھەتچىلىكى، تارىخى... قاتارلىق تۈرلۈك تېمىلاردا ئىجابىي مەزمۇنلارنى تەسىرلىك بايان قىلىشى كېرەكلىكى، باھالاشتىن كېيىن 180 قىسقا سىننىڭ ئوخشىمىغان دەرىجىلەر بويىچە مۇكاپاتلىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلغان.

ئۇقتۇرۇشتىكى «پۈتۈن دۇنيادىن قىسقا سىن ئەسىرى قوبۇل قىلىنىدۇ» دېگەن جۈملىلەر دىققەت تارتىدىغان بولۇپ، خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان، ماسلىشىۋاتقان بىر تۈركۈم چەت ئەللىك تور مەشھۇرلىرى، چەت ئەلدىكى خىتايلار ۋە ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى بۇ يالغان تەشۋىقات ھەرىكىتىگە ئاۋاز قوشۇشقا ئۈندەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس ئىكەن.

«مۇسابىقە» نامىدىكى مەزكۇر يالغان تەشۋىقات ھەرىكىتى 2021-يىلىدىن تارتىپ ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان بولۇپ، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش، پەردازلاش ئۈچۈن قوللىنىپ كەلمەكتە.



# دوكلات: ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەر شىۋېيتسارىيەدە خىتاينىڭ باستۇرۇشىغا ئۇچرىماقتا

شىۋېيتسارىيە ھۆكۈمىتى دوكلات ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ شىۋېيتسارىيەدە خىتاينىڭ دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇشىغا ئۇچرىغانلىقىنى ئاشكارىلىدى.

شىۋېيتسارىيە ھۆكۈمىتى 12-فېۋرال ئېلان قىلغان بىر دوكلاتتا، خىتاي شىۋېيتسارىيەدە پاناھلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنى جاسۇسلۇق قىلىشقا كۈشكۈرتۈش ۋە بېسىم ئىشلىتىش ھەرىكىتى قوزغىغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ خۇلاسە قىلىنغان.

دوكلاتتا تىبەتلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇشقا ئۇچراۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ: «خىتاي تىبەتلەر ۋە ئۇيغۇرلارنى شىۋېيتسارىيەدىكى ۋەتەنداشلىرىنى كۆزىتىشكە كۈشكۈرتىشتىن باشقا، سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ سىستېمىلىق ھالدا كۆزىتىلىۋاتقانلىقىنى، سۈرەتكە، سىنىغا ئېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەر بار» دېيىلگەن.

خىتاينىڭ دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇش ھەرىكىتىدە تور ھۇجۇمى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە يوللىرىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ نازارەت سىياسىي جەھەتتىن تىبەت ۋە ئۇيغۇر جامائەتلىرىنى قوللايدىغان شىۋېيتسارىيە پۇقرالىرىنىمۇ نىشان قىلىشى مۇمكىن ئىكەن.

شىۋېيتسارىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى ئەدلىيە ۋە مۇھاجىرلار ئىدارىسىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن بازىل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تەتقىقاتىغا ئاساسلانغان. دوكلاتتا: «دۆلەت ھالقىغان باستۇرۇشنىڭ تەسىرى تېررورلۇق ھەرىكىتىدەك ئاسان بايقالمىسىمۇ، ئۇزۇن مۇددەتلىك

نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ بۇ ھەرىكىتى شۋېيتسارىيەنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا خېلى زور تەھدىت پەيدا قىلدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن.

دوكلاتتا خىتاينىڭ ئاساسلىق كۆزىتىش نىشانلىرىنىڭ بىرى شۋېتسارىيەدىكى ئۇيغۇرلار ۋە تىبەتلەرنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ خىتاينىڭ بۇ جەھەتتە تور ھۇجۇمى ۋاستىسىدىن پايدىلانغانلىقى بايان قىلىنغان.

دوكلاتتا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي ئىستىخبارات ئورگانلىرى چەت ئەللەردىكى تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ نامايىش پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىدىكەن. خىتاينىڭ جاسۇسلىرى دىپلوماتلىق نىقابى ياكى مۇخبىر، ساياھەتچى، ئوقۇغۇچى قىياپىتىدە ھەرىكەت قىلىدىكەن. بۇ جەرياندا كىشىلەردە ئۇزۇن مۇددەت كۆزىتىلىۋاتقان ھېسسىيات پەيدا بولۇپ، ھەر خىل شەكىلدىكى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرايدىكەن.



# خىتاي ئۇيغۇر ئاياللىرىنى خىتايلار بىلەن مەجبۇرىي توي قىلىشقا تەشكىللىمەكتە

خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش جىنايىتىنى تەشكىللىك ھالدا ئىجرا قىلىۋاتقانلىقى داۋاملىق ئاشكارىلانماقتا.

ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدە تارقالغان سىنلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خىتاي رېجىمى ئۇيغۇر خەلقىنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىپ يوقىتىش جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاشنى سىستېمىلىق، بىر تۇتاش ئىجرا قىلغان.

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر سىندا بىر خىتاي مەجبۇرىي تويدىكى تولۇقلىما سىياسىتىنى ئاشكارىلىغان بولۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن توي قىلماقچى بولغان خىتايلارغا 250 مىڭ يۈەن تولۇقلىما بېرىدىغانلىقىنى، رەسمىي توي قىلغاندا 50 مىڭ يۈەن، بالا تۇغۇلغاندا 100 مىڭ يۈەن، نوپۇس

يۈتكەپ كەلسە يەنە 100 مىڭ يۈەن بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

يەنە بىر سىندا ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن توي قىلغان خىتايلارغا 40 مىڭ يۈەندىن 50 مىڭ يۈەنگىچە تولۇقلىما بېرىلگەندىن سىرت، 50-45 مو ( تۈت گېكتار ئەتراپىدا) تېرىلغۇ يەر، 50 تۇياق قوي بېرىلىدىغانلىقى، ئۇندىن باشقا نوپۇسنى تېز سۈرئەتتە يۆتكەپ كېلىشكە ياردەم قىلىدىغانلىقى ئاشكارىلانغان.

مەلۇم بولۇشىچە، بىر ۋىلايەت بىلەن يەنە بىر ۋىلايەتنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرى بىلەن توي قىلغان خىتايلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات سوممىسى ۋە ماددىي بۇيۇملىرى ئوخشىمايدىكەن.

باشقا بىر سىنمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش جىنايىتىنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاي رېجىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

شەرقىي تۈركىستاندىن يېقىنقى بىر شاھىت ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا بىر ئۇيغۇر قىزى خىتاي بىلەن توي قىلىپ قالغان تەقدىردە خەلق ئارىسىدا «پالانى خىتاي بىلەن توي قىپتۇ» دېگەندەك گەپلەر تارقىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغايدىغانلىقىنى، ئەمما نۆۋەتتە ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ خىتايلار بىلەن توي قىلىش ئەھۋالىنىڭ نورمال ھادىسىگە ئايلىنىپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى، خىتايغا قىز بەرمىگەن كىشىلەرنىڭ ھەر خىل باھانىلەر بىلەن تۈرمە ياكى لاگېرغا قامىلىدىغانلىقىنى، خىتاي بىلەن توي قىلغان ئاياللار ئۈستىدىن قىلىنغان ھەرقانداق گەپ-سۆزلەر سەۋەبلىك جازالانغان ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى، قىزى بار ئائىلىلەرنىڭ ئېغىر كۆڭگە قالغانلىقىنى ئاشكارىلىغاندى.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى خەلقئارا جەمئىيەتتىن يوشۇرۇشقا، كۆز بوياشقا ئۇرۇنۇپ، چەت ئەلدىكى ھەر ساھە كىشىلىرىنى زىيارەتكە تەكلىپ قىلىش بىلەن بىرگە، ئىچكى جەھەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تۈرمۈش، سودا، ئوقۇش، ساياھەت قاتارلىق بارلىق ساھەلەردە قاتتىق چەكلەپ، ئاسسىمىلياتسىيەنى كۈچەيتىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

# تايلاند سوت مەھكىمىسى ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزدى

تايلاند سوت مەھكىمىسى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 48 ئۇيغۇر ھەققىدىكى قويۇپ بېرىش ئىلتىماسىغا تۇنجى قېتىم قاراپ چىقتى.

Benar خەۋەر تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، تايلاندىكى بىر سوت مەھكىمىسى 14-فېۋرال تايلاندتا 10 يىلدىن ئارتۇق تۇتۇپ تۇرۇلغان 48 ئۇيغۇرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئىسپات ئاڭلاش يىغىنى ئۆتكۈزگەن. ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرى ۋە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى مەزكۇر ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلۇشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان بولۇپ، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانا خادىملىرى ۋە ب د ت نىڭ ۋەكىللىرى پۈتۈن ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىنى كۆزەتكەن. سوتقا مەزكۇر ئۇيغۇرلار قاتناشتۇرۇلمىغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادۋوكاتى چۇچارت كانپاي، پائالىيەتچى بەختىيار بۆرە ۋە مۇستەقىل تەتقىقاتچى نىرولا ئەلىما قاتارلىقلار گۇۋاھلىق بەرگەن.

ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى «ھەممىگە ئادالەت» ئۆتكەن ئاينىڭ بېشىدا، تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئېلان قىلغان دوكلاتىدا، تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنى خىتايغا قايتۇرۇش ئۈچۈن جەدۋەل تولدۇرۇشقا مەجبۇرلاۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خەۋەردە دېيىلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادۋوكاتى چۇچارت كانپاي 29-يانۋار سوتقا ئىلتىماس سۇنغان بولۇپ، ئىلتىماستا بۇ كىشىلەرنىڭ پاناھلىق تىلەش سەۋەبىدىن ئۇزۇن ۋاقىت تۈرمىگە قامالغانلىقى، شۇڭا ئۇلارنى قويۇپ بېرىش كېرەكلىكى تەلەپ قىلىنغان.

ئىلتىماستا تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىمۇ جىنايەت ئۆتكۈزمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ

تايلاندقا قانۇنسىز كىرىشنىڭ جازاسىنى تارتىپ بولغانلىقى، تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا 11 يىلدىن ئارتۇق ناچار شارائىتتا تۇرغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئىلتىماس قىلغۇچىلارنىڭ ئادۋوكاتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئەگەر سوت ئىلتىماس ۋە گۇۋاھچىلارنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بار دەپ قارىسا، تېخىمۇ تەپسىلىي تەكشۈرۈش ۋە بۇ مەسىلە ھەققىدە تايلاند ساقچى ئەمەلدارلىرىنى چاقىرتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرىدىكەن. ئەگەر تۇتۇپ تۇرۇش قانۇنسىز دەپ قارالسا، سوت چوقۇم ئۇيغۇر تۇتقۇنلارنى قويۇپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشى كېرەك ئىكەن.

جەنۇبىي باڭكوك جىنايى ئىشلار سوتى ئىسپات ئاڭلاش يىغىنىدىكى گۇۋاھلىقلارغا ئاساسەن قارار ئېلان قىلغان بولۇپ، تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ دېلوسىغا قاراپ چىقىش تەلىپىنى تەستىقلىغان ۋە 27-مارت تايلاند كۆچمەنلەر ئىدارىسى ئەمەلدارلىرىنىڭ سوتتا گۇۋاھلىقتىن ئۆتىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.





# داڭلىق پۇتبولچى مەسئۇت ئۆزىلنىڭ سۆزلىرى ئۇيغۇرلارنى قايتا ھاياجانلاندۇردى

دۇنيانىڭ ئەڭ داڭلىق پۇتبول كوماندىلىرىدا توپ تەپكەن ۋە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىتايغا قارشى ئاۋاز چىقارغانلىقى سەۋەبلىك نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارغا، يەكلەشكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، مەيداندىن ھېچ ۋاز كەچمىگەن داڭلىق پۇتبولچى مەسئۇت ئۆزىل 16-فېۋرال تۈركىيەدىكى ۋاۋ تېلېۋىزىيە قانىلىدا ياشلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەن بولۇپ، پىروگراممىغا قاتناشقان ياشلار ئۇنىڭدىن پۇتبول ھاياتى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەققىدە كۆپلىگەن سوئاللارنى سورىدى.

پىروگىراممىا جەريانىدا نەچچە قېتىم ئۇيغۇرلار ھەققىدە سۆز بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، تۆۋەندىكى ئىسمىلىك بىر قىزنىڭ: «پۇتبولچىلىق ھاياتىڭىزدا نۇرغۇنلىغان پىداكارلىق كۆرسەتتىڭىز، بۇ پىداكارلىقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى قايسى ئىدى؟ ئۇ پىداكارلىقىڭىزغا ئەرزىدى، دەپ قارامسىز؟» دېگەن سوئالىغا بەرگەن جاۋابى ھەممىنى قايىل قىلدى ۋە ھاياجانلاندۇردى.

ئۇ جاۋابىدا: «پىداكارلىق شۇنداق باشلاندى، ئاۋازىمنى كۆتۈردۈم،

ئۇيغۇرلار ئۈچۈن خىتايغا قارشى چىقتىم ۋە بۇ سەۋەبلىك خىتايدا چەكلەندىم، ئىسمىم ئۆچۈرۈلدى، خىتايغىمۇ بارالمايمەن. بۇ ئىشنىڭ بېشى مۇشۇنداق باشلاندى. چۈنكى ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرىدا كۈچلۈك ۋە تونۇلغان بىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئۇچۇر ھەمبەھىرلىدىم. يەنە كېلىپ ئۇ ئۇچۇرنى مۇنداقلا يوللىمىدىم، ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمنى ئۆزۈم ۋە قول ئاستىمدىكىلەر بىلەن تەكشۈردۈم ۋە ھەقىقەتنى ئېنىق بىلگەندىن كېيىن ئۇ قەدەمنى باستىم. ئەنە شۇ ئۇچۇرنى ھەمبەھىرلىگەندىن كېيىن قىيىنچىلىقلار چىقىشقا باشلىدى، كوماندا ئەزالىرى سىرتىغا چىقىرىۋېتىش، يالغۇز مەشىق قىلىش دېگەندەك. ئەلۋەتتە تىرېنېرىم چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ياخشى سۆزلەرنى قىلىشقا تىرىشاتتى، لېكىن مەن ئىشنىڭ ئارقىسىدا نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. يەنى مۇشۇنداق ئىشلارغا ئۇچراشقا باشلىدىم. ئەمما دېگىنىمدەك، مۇھىم بولغىنى مېنىڭ ھەر ۋاقىت بىر مەيدانىم بار، مەن بۇنى كىشىلەرنىڭ: قارا شۇنىڭغا ماشائاللاھ، ئۇيغۇرلارغا ھەمدەم بولدى، دەپ تىلغا ئېلىشى ئۈچۈن قىلمىدىم، ئۆز ۋىجدانىم ئۈچۈن قىلدىم. ھېلىمۇ ياخشى قىلىپتىمەن، ئەگەر ۋاقىتنى كەينىگە قايتۇرغىلى بولسا، يەنە قىلاتتىم، ھەتتاكى تېخىمۇ ئېغىرىنى قىلاتتىم» دەپ جاۋاب بەرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن سۆيۈنگەن ياشلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى.

ئۇنىڭ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شۇنچە پېشكەللىك ۋە مىليونلىغان دوللار قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچراپ تۇرۇپ، ھەتتا پۇتبول ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئېلىپ بارغان باسقۇچنىڭ تۇنجى قەدىمى بولغان ئۇ ئۇچۇرغا يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، قىلچىلىك ئۆكۈنمەستىن مۇسۇلمان تۈرك ياشقا لايىق جەسۇر سۆزلەرنى قىلىشى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىمۇ قاتتىق ھاياجانلاندۇردى ۋە ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا كۆپلەپ تارقىتىلدى.

مەسئۇت ئۆزىل 2019-يىلى 13-دېكابىر 21 مىليوندىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسى بولغان ئىنستاگرام ۋە 24 مىليوندىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسى بولغان تىۋىتتېر، شۇنداقلا 30 مىليوندىن ئارتۇق ئەگەشكۈچىسى بولغا فېيسبۇكتا شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئۇچۇر ھەمبەھىرلىگەندى ۋە قىسقا ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇچۇر ۋاستىلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندى.

# ئۆزبېكىستان خەلقى خىتايغا نارازىلىقىنى بىلدۈردى

ئۆزبېكىستاندا خىتايلارنىڭ چەكتىن ئاشقان تۈرلۈك پائالىيەتلىرى كۆپىيىشكە باشلىغان بولۇپ، ئۆزبېك خەلقى بۇنىڭغا قارشى تۈرلۈك يازمىلار بىلەن نارازىلىق بىلدۈرگەن.

ئالدىنقى كۈنلەردە تارقالغان «مۇشرىكلار تاشكەنتتە» ماۋزۇلۇق بىر يازمىدا خىتايلارنىڭ ئۆزبېكىستان قانۇنىنى كۆزگە ئىلماي خالىغانچە ئىش قىلىشقا باشلىغانلىقى، ئەگەر خىتايلار قىلغان پائالىيەتنى ئۆزبېك خەلقى قىلغان بولسا، ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارنى پۇتنى يەرگە تەگكۈزمەستىن ئېلىپ كېتىدىغانلىقى، ئەمما نۆۋەتتە خىتايلارنىڭ ئۆزبېكىستاندا خالىغانچە پائالىيەت قىلىۋاتقانلىقى، رايونلۇق ھۆكۈمەت ياكى بىخەتەرلىك ئورگانلىرىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

يازمىدا يەنە بۈگۈنكى كۈندە خىتاينىڭ ئۆزبېكىستاندا زور مىقداردا قەرز بېرىش بىلەن بىرگە، خىتاي پۇقرالىرىنىڭمۇ بىرلەشمە كارخانىلارنى، سودا رايونلىرىنى قۇرۇش باھانىسىدا ئۆزبېكىستانغا مۇقىم ئورۇنلىشىپ كەتكەنلىكى، ئاخىردا دۆلەت قانۇنلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشنى باشلىغانلىقى، خىتايلارنىڭ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، قانۇنسىز پائالىيەت ۋە نامايىش تەشكىللىشىدىن ھېچكىم ھەيران قالمايدىغان ھالەتكە كەلگەنلىكى، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئىلگىرى خىتايلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سەل قارىغانلىقى سەۋەبلىك، بۈگۈنكى كۈندە بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەنلىكى تەكىتلەنگەن.

يازمىدا ئاشكارىلىنىشىچە، خىتايلار تاشكەنتتە خىتاي بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئاممىۋى پائالىيەت ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ۋە كۆچمەنلەر ئىدارىسى خىتايلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. مەزكۇر پائالىيەتنى 15-فېۋرال ئەتىگەندە پايتەختنىڭ چىلانزار رايونىدىكى دۆلەتلىك باغچە تەۋەلىكىدە ياشاۋاتقان خىتاي پۇقرالىرى تەشكىللىگەن بولۇپ، پائالىيەتتە خىتاي بايرىقىنى كۆتۈرگەن خىتايلار ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، ھەر خىل شوئار توۋلاپ، ئاممىۋى پائالىيەت ئۆتكۈزگەن. خىتايلار كۆتۈرۈۋالغان پىلاكاتتا «بىز كۈچلۈكمىز» دېگەن خەتلەرنىڭ يېزىلغانلىقى مەلۇم بولغان.

يازمىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئېغىر سىناقلىرىدىن ساۋاق ئېلىشى، توغرا خۇلاسە چىقىرىشى كېرەكلىكى، چۈنكى تارىختىن توغرا يەكۈن چىقارمىغان مىللەتنىڭ ئاخىردا ئۆزى زىيان تارتىدىغانلىقى، بۇنىڭغا كۆپ قېتىم شاھىت بولغانلىقى بىلدۈرۈلگەن.








# خىتاي ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ تور بېكەتلىرىگە تور ھۇجۇمىنى كۈچەيتمەكتە

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ تور بېكەتلىرى خىتاي خاككېرلىرىنىڭ ئىزچىل ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كەلگەن بولۇپ، يېقىنقى مەزگىللەردە بۇ ھۇجۇم تېخىمۇ كۈچەيمەكتە.

يېقىنقى بىر-ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ تۆت تىلدا خەۋەر تارقىتىۋاتقان تور بېكەتلىرىدە باشقۇرۇش سۇپىسى ئېچىلماسلىق، رەسىم يۈكلەنمەسلىك، خەۋەر قويغىلى بولماسلىق قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەر كۆرۈلگەن بولۇپ، تور بېكەتلەرنى بىخەتەرلىك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان شىركەتنىڭ بىلدۈرۈشىچە، خىتاي خاككېرلىرى يېقىندىن بېرى ئىستىقلالنىڭ تور بېكەتلىرىگە قاتتىق ھۇجۇم قوزغىغان.

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ تور بېكەتلىرى ئىزچىل تۈردە خىتاي خاككېرلىرىنىڭ ھۇجۇم نىشانى بولۇپ كەلمەكتە. جۈملىدىن 2021-يىلى ئۈچىنچى ئايدا خىتاي خاككېرلىرىنىڭ ھۇجۇمى سەۋەبلىك، تور بېكەتلەر بىر ھەپتىگە يېقىن پالەچ ھالغا چۈشۈپ



ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى قەرەللىك يەتكۈزۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان.

ختاي ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنى چەكلەش ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ كەلمەكتە. جۈملىدىن ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى كۆپ قېتىم تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە شىكايەت قىلىش ۋە تۈركىيە سوتىغا ئەرز قىلىش نەتىجىسىدە، ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ ئورگان تور بېكىتى بىر قانچە قېتىم تاقىۋېتىلگەنىدى. 2022-يىلى ختاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىگە قارىتا تۆھمەت خاراكتېرلىك بايانلارنى ئوتتۇرىغا تاشلىغانىدى. ھەتتا ختاينىڭ تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىپ، كۆپ قېتىم شىكايەتنامە سۇنغانلىقى مەلۇم بولغانىدى.

ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ خەۋەر تور بېكەتلىرى ختاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى خەلقئاراغا پاش قىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئاخبارات ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىزچىل تەرىقىدە ختاينىڭ ھۇجۇم نىشانى بولۇپ كەلمەكتە.

قالغانىدى. شىركەتنىڭ بىخەتەرلىككە مەسئۇل خادىملىرى ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسىنىڭ تور بېكەتلىرىگە قارىتىلغان ھۇجۇم سەۋەبىلىك، مەزكۇر شىركەت مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەۋاتقان باشقا تور بېكەتلەرنىڭمۇ تەسىرگە ئۇچرىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى.

2024-يىلى 10-ئايدا شەرقىي تۈركىستاندىن تۈركىيەگە ھىجرەت قىلىپ پاناھلانغان ئۇيغۇرلار ۋە تەشكىلاتلار ھەققىدە ئۇچۇر توپلاپ، ختاي ئىستىخبارات ئورگىنىغا يەتكۈزگەنلىكى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنغان يەتتە جىنايەت گۇماندار ئىچىدىن جاۋابكار سادىق مەمەتئەزىزگە ئىستىقلال تېلېۋىزىيە

# خىتاي ئاتالمىش «كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش» نامىدا ھەرىكەت باشلىدى



ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» سىياسىي كېڭەش 2025-يىللىق پىلانىدا ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە ئىشارەت قىلىپ، ئاتالمىش «ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، زامانىۋى مەدەنىيلىك ئىدىيەسىنى كۆندىلىك تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش»نى بۇ يىللىق سىياسىي كېڭەش ھەرىكىتى قىلىپ بېكىتكەن.

تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، 19-فېۋرال ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، سىياسىي كېڭەشنىڭ 2025-يىللىق كېڭەشش پىلانى بېكىتىلگەن.

مەزكۇر پىلاندا ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان دائىمىي كومىتېت يىغىنى، مەخسۇس تېمىدا كېڭەشش يىغىنى، ئايلىق كېڭەشش سۆھبەت يىغىنى، يىراق مۇساپىلىك كېڭەشش يىغىنى قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ئاتالمىش «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش»، شەرقىي تۈركىستاننى خىتاي ئۈچۈن ئەلا سۈپەتلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى مۇھىم تەمىنات بازىسى بەرپا قىلىش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

خىتاي رېجىمىنىڭ كېڭەشش پىلانى بويىچە، بۇ يىل ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» سىياسىي كېڭەش يەنە تۆنجى قېتىم يىراق مۇساپىلىك كېڭەشش يىغىنى ئېچىپ، «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زامانىۋى مەدەنىيلىك ئىدىيەسىنى كۆندىلىك تۇرمۇشقا سىڭدۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش» قاتارلىق تېررور سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشنى مۇھاكىمە قىلىدىكەن.

خەۋەردە يەنە كېڭەشش پىلانىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق» سىياسىي

كېڭەش تەشكىلىي رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، يۈزتۇرانە كۆرۈشۈش، ئارىلاپ تۇيۇقسىز زىيارەت قىلىش، سوئال قەغىزى تارقىتىپ تەكشۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەردىن پايدىلىنىش، ئىستاتىستىكىلىق تەھلىل قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئاتالمىش «ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كونا ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش»، «زامانىۋى مەدەنىيلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈش» كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

خىتاينىڭ بۇ يىل بېشىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 2025-يىلىدىكى پىلانلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، جۈملىدىن يېڭى بىر يىلدا ئاتالمىش «جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشى»نى ئاساسىي لىنىيە قىلىش، ئاتالمىش «تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، مۇقىملىقنى قوغداش»نى دائىملاشتۇرۇش، خىتاي رېجىمىنىڭ ئاتالمىش «~~شىنجاڭ~~ خىزمىتى»دە ئېغىپ كەتمەسلىك، دىنىنى خىتايچىلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، چېگرا ئىچى-سىرتىدىكى ئاممىۋى پىكىر يۆنىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش، شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار تاشقى كۈرەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق تېررور ئىبارىلىرى ئالاھىدە تەكىتلەنگەندى.



گەرچە ختاي ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلىۋاتقان ۋە پۈتۈن دۇنياغا شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەزىيەتنىڭ نورماللاشقانلىقىدەك ساختا ۋەزىيەتنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ختاينىڭ بۇ قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاتالمىش «ئاممىنىڭ كونا ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» پىلانلىرى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ، ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنىڭ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىنى، ئەنئەنە، ئۆرۈپ-ئادەتلىرىنى يوقىتىش، ۋەيران قىلىش جىنايەتلىرىنىڭ داۋاملىق قاتتىق ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.






# ئىستانبۇلدا ئۇيغۇرلارنى قوللاش يۈرۈشى ئۆتكۈزۈلدى

23-فېۋرال ئىستانبۇلنىڭ ئۈسكۈدار رايونىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئاۋازى بولۇش تېمىسىدىكى يۈرۈش ۋە بايانات ئېلان قىلىش يىغىلىشى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نامايىش مۇشتۇ ياشلار جەمئىيىتىنىڭ چاقىرىقى بىلەن تەشكىللەنگەن.

تۈركلەر ۋە ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان نامايىشچىلار قوللىرىدا شەرقىي تۈركىستان، تۈركىيە بايراقلىرىنى ۋە خىتايغا قارشى پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ شوئار توۋلىغان. نامايىشچىلار ئالدى بىلەن ساھافلار بازىرى يېنىغا يىغىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا

ئۇيغۇرلارغا قارشى ئىجرا قىلىنىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئەيىبلىگەن. ئارقىدىن يۈرۈشنى باشلىغان خەلق تۈرلۈك شوئارلارنى توۋلاپ، خىتايغا قارشى ئۇيغۇرلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتايغا قارشى نارازىلىق باياناتى ئېلان قىلىش جەريانىدا ژۇرنالىست ئادەم ئۆزكۆسە، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوتسېنت دوكتور ئالىمجان بۇغدا، تەتقىقاتچى، يازغۇچى ئابدۇللاھ ئوغۇز، پائالىيەتچى مەدىنە نازىمى قاتارلىقلار سۆز قىلغان.

ئۇلار باياناتلىرىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مۇسۇلمان ۋە تۈرك بولغانلىقى سەۋەبلىك يوقىتىشقا ئۇرۇنۇپ ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتا-ئانىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا تەسىس قىلغان جازا لاگېرلىرىغا ئۇيغۇرلارنى چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال دېمەستىن قاماپ تاشلىغانلىقىنى، ھالبۇكى، تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىدىن خىتايغا قارشى ئاۋاز كەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن ۋە ئاخىردا تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارغا ئىگە بولۇشقا چاقىرغان.






# مەجبۇري ئەمگەك ۋە باللار ئەمگىكى» دوكلاتى»نى ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

شەرقي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى بىلەن يەر يۈزى ئادالەت ئايال ئادۋوكاتلار مۇنبىرى 22-فېۋرال بىرلىكتە «مەجبۇري ئەمگەك ۋە باللار ئەمگىكى دوكلاتى»نى ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

يىغىندا ئادالەت مۇنبىرى رەئىسى سەرپىل پەنەس شاھىن ۋە شەرقي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن ئېچىلىش سۆزى قىلدى. ئارقىدىن ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى تەرىپىدىن تەييارلانغان ئالاقىدار دوكلات تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلدى.





يىغىندا ئادۋوكات ئايشە كۈركچۈ، پىروفېسسور دوكتور ئەركىن ئەمەت، تەتقىقاتچى ۋىلدان قادىرئوغلى سارىياشار قاتارلىقلار مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە بالىلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش مەسىلىسى ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن داۋامىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقى، خۇسۇسەن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش جىنايىتىگە مۇناسىۋەتلىك سۈرەتلەر كۆرگەزمە قىلىندى.





# تايلاند ھۆكۈمىتى ئىنسانىيلىققا يات ھالدا ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەردى

26-فېۋرال تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەققىدە تارقالغان خەۋەرلەر مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى چۆچۈتتى ۋە قايغۇغا سالدى.

يېقىنقى بىر نەچچە كۈندىن بېرى تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتقۇندىكى ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە ئۇچۇرلار تارقىلىۋاتقان بولۇپ، تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىگە بىر نەچچە ئاپتوبۇسنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى،



مۇخبىرلارنى يېقىن كەلتۈرمىگەنلىكى ۋە سۈرەتكە تارتىشقا رۇخسەت قىلمىغانلىقى، باڭكوكتىن قوزغالغان بىر ئايروپىلاننىڭ قەشقەرگە يېتىپ بارغانلىقى ھەققىدىكى كۆرۈنۈشلەر ۋە ئۇچۇرلار ئاشكارىلىنىشقا باشلىغان.

تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەرگەنلىك ئېھتىماللىقىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلۈۋاتقان بىر پەيتتە، 27-فېۋرال ئەتىگەن خىتاينىڭ رەسمىي ئاخبارات ئورگىنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى تايلاندتا تۇتۇپ تۇرۇلغان 40 نەپەر خىتاي پۇقراسىنىڭ خىتايغا قايتۇرۇلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقاتقان. گەرچە خەۋەردە قايتۇرۇلغانلارنىڭ سالاھىيىتى، مىللەت تەۋەلىكى تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قايتۇرۇلغان ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تايلاندتىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىمۇ شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىگە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا قايتۇرغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزگەن.

نۆۋەتتە تايلاند ھۆكۈمىتى 40 ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولۇپ، بۇ قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ تايلاند دۆلەت بىخەتەرلىك كېڭىشى ۋە خان جەمەتى ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن بىرلىكتە ئىجرا قىلىنغانلىقىنى، قالغان سەككىز ئۇيغۇرنىڭ تايلاند قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگەن.

خىتاي بۇ قېتىملىق قايتۇرۇشتا ئون يىل ئىلگىرىكىدىن پەرقلىق ھالدا ساختا تەشۋىقاتقا ئالاھىدە كۆچىگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ «ۋەتەنگە

قايتىپ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولغان»لىقىدەك ساختا كۆرۈنۈشىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، دۇنيانىڭ كۆزىنى بوياشقا ئۇرۇندى. تايلاند مۇداپىئە مىنىستىرلىقى بۈگۈن ئېچىلغان ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا خىتاي ئەۋەتكەن بىر قىسقا سىننى مۇخبىرلارغا كۆرسەتكەن بولۇپ، سىندا پەقەت بىر ئۇيغۇرنىڭ ئايروپىلاندىن چۈشۈپ، ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

ئېرىشىلگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، تايلاندنىڭ بىخەتەرلىك قىسىملىرى 26-فېۋرال كەچتە تۇيۇقسىز ھەرىكەت باشلاپ، ئۇيغۇرلار قامالغان تۇتۇپ تۇرۇش مەركىزىنى قورشىغان ۋە بۇ ھەرىكەتنى مەخپىي ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ھەتتا ئۇ يەرنىڭ خادىملىرىنىمۇ ئايرىم بىر جايغا ئون نەچچە سائەت نەزەربەند قىلغان، بۇ جەرياندا تېلېفونلىرىنىمۇ يىغىۋالغان. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارغا ئالاقىدار سوتمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان.

تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ تۈرلۈك تىرىشچانلىقلار ۋە خەلقئارالىق بېسىملارغا قارىماي، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىشى مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى، ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتلىرىنى قاتتىق چۆچۈتتى ۋە قايغۇغا سالدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئوخشىمىغان ئۇسۇللار بىلەن خىتاي ۋە تايلاند ھۆكۈمىتىگە غەزىپىنى، نارازىلىقىنى بىلدۈردى. جۈملىدىن تۈركىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار 27-فېۋرال خىتاينىڭ ئىستانبۇلدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى، ئەنقەرەدىكى باش ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى.

ئىستانبۇلدىكى نامايىشتا ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوتسېنت، دوكتور ئالىمجان بۇغدا سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ئەسلىتىپ ئۆتتى. ئارقىدىن تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ جىنايىتىگە ھەمكارلاشقانلىقىنى، بۇنىڭ ھېسابىنى چوقۇم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باش كاتىپى ئابدۇرېشىت ئەمىنھاجى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى





كۆزىتىش جەمئىيىتىدىن ۋىلدان كادىئوغلى خانىم سۆز قىلدى.

ئۇلار تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ خەلقئارا ئىنسان ھەقلىرى ئورگانلىرى، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ قايتا-قايتا ئاگاھلاندۇرۇشىغا قارىماي، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرمەسلىك ھەققىدىكى مەكتۇپقا ئىمزا قويغان دۆلەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، تايلاند بۇ قىلمىشىنىڭ ھېسابىنى چوقۇم بېرىدىغانلىقىنى، تايلاندنىڭ 40 نەچچە ئۇيغۇرنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيلىقنى دەپسەندە قىلغانلىقىنى تەكىتلەشتى.

ئاخىردا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىدىن ئۇستاز مەھمۇدجان داموللام سۆز قىلىپ، مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇسىبەتنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ، خىتايغا قارشى مۇجادىلىنى داۋاملىق كۈچەيتىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

ئۇندىن باشقا يەنە بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار تايلاندنىڭ ئەنقەرەدىكى باش ئەلچىخانىسى ئالدىغا يىغىلىپ، نارازىلىق نامايىش ئۆتكۈزدى. نامايىشچىلار «زالىم تايلاند ھۆكۈمىتى، ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىز نەدە؟» دېگەندەك شوئارلارنى توۋلاپ، تايلاندنىڭ جىنايىتىگە قارشى غەزىپىنى ئىپادىلىدى.




تايلاند ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايغا شېرىك بولۇشى نەتىجىسىدە،

تارىخ يەنە بىر ئۇيغۇر پاجىئەسىنى خاتىرىلىدى.

ISTIQLAL

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
EAST TURKISTAN PRESS AND MEDIA ASSOCIATION

# شەرقىي تۈركىستاندا
# نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

## بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.

www.istiqlalhaber.com | www.istiqlalmedia.com

IstiqlalTV   info@istiqlalmedia.com

Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2 Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL

+90 212 540 31 15   +90 553 895 19 33   +90 541 797 77 00